يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# ئىنچىكە مۇلازىمەت خەلق قەلبىنى ئىللىتتى

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما قۇربان ھېيتنى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قۇربان ھېيت، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ مەھەللە خىزمەتچىلىرى مۇلازىمەت تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ بايراملىق تاماق ئۈستىلىنى موللاشتۇردى. ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما «بۇلۇت تىرمىنالى»دا بىر ـ بىرىدىن بايراملىق ئەھۋال سورىدى. ھەر دەرىجىلىك «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە تۇغقانلاشقان كادىرلار بەس ـ بەستە ئاممىغا ئىللىقلىق يەتكۈزدى.

### مەھەللە مۇلازىمىتى
### ھەقىقەتەن ئىنچىكە بولدى

«بىز ياشىنىپ قالغاچقا، ساغزا سالالمىغانىدۇق، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلارنىڭ دەل ۋاقتىدا تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت.» 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى دوستلۇق جەنۇبىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىبېيلۇ جەنۇبىي مەھەللىسىدە، ئاھالە مەمتىمىن ئالىم ۋېيشىن تورىدا مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلارنى دىيەنزەن قىلدى.

73 ياشقا كىرگەن مەمتىمىن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى كۆپ خىل سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ئۇلارغا دەل ۋاقتىدا دورا سېتىۋېلىپ ئەكىرىپ بېرىپلا قالماي، يەنە ساغزا، ماخۇا، نان قاتارلىق بايراملىق مەززىلىك تائاملارنى زاكاز قىلىپ بەردى.

تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەرنىڭ قۇربان ھېيتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، مەھەللە خىزمەتچىلىرى ۋە پىدائىيلار ئاھالىلەرنىڭ ۋېيشىن تورىدا ئۇلاپ يازغان مال سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەۋەلىكتىكى كۆكتات دۇكىنى، تاللا بازىرى، قوي ـ كالا گۆشى دۇكىنى، دورا دۇكىنى قاتارلىقلارغا بېرىپ، ئاھالىلەرگە گۆش، قەنت ـ گېزەك، پېچىنە ـ پىرەنىك، چاي قاتارلىق بايراملىق لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋېلىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە ئۇچراشماي تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بەردى.

«تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى ياخشى قىلىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز، ھەر كۈنى ئالدىراشچىلىقتا جاپا تارتساقمۇ، ئەمما ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىدە خۇشال ـ خۇرام بايرام ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ھەرقانچە چارچىساقمۇ كۆڭلىمىز خاتىرجەملىككە تولىدۇ» دېدى شىبېيلۇ جەنۇبىي مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى سۇن يىدەن.

بايرام مەزگىلىدە ئاھالىلەرنىڭ ماددىي ئەشيا كاپالىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مەھەللە خىزمەتچىلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلار، مېيىپلەر قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپى بىلەن ئالاقىلىشىپ، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئالدىن كاپالەتلىك قىلىپ، بىرمۇ ئائىلە چۈشۈپ قالماسلىق، بىرمۇ ئادەم چۈشۈپ قالماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى.

### «بۇلۇت»تا بەخت تىلەش
### ھەقىقەتەن قەلبلەرنى ئىللىتتى

«بالام، جاپا چەكتىڭىز! بىز ئۆيدە ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، مەھەللە پىدائىيلىرى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشىك ئالدىمىزغىچە يەتكۈزۈپ بەردى، بۇ قۇربان ھېيتنى بىز ناھايىتى خۇشال ئۆتكۈزدۇق!» 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئۈستەلگە ئالتۇن رەڭلىك ساغزا تىزىلغانىدى، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋانچىڭ رايونى ئاقسۇ يېزىسى يىگۇ مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى سابىرا ماقسۇ ئوغلى قۇرمانغازى قايشا بىلەن سىنلىق پاراڭلاشتى.

قۇرمانغازى داۋانچىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. يۇقۇم مەزگىلىدە، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن پىدائىي بولۇپ، تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

«خاتىرجەم بولۇڭ، ئاپا، خىزمىتىم گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك!» دېدى قۇرمانغازى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سىن ئۈچۈرىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سەھەردە، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنىڭ كادىرى جاڭ يۈجېن يىراق خوتەندىكى قوشماقلاشقان تۇغقىنى مەتياسىن ئىمىردىن كەلگەن سىن تېلېفوننى ئالدى.

«مەتياسىن ئاكا، ھەممىڭلار ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ قۇربان ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!» دېدى جاڭ يۈجېن.

«رەھمەت، بىز ھەممىمىز ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، تېخى سىز ئەۋەتكەن يېڭى كىيىملەرنى كىيىۋالدۇق!» مەتياسىن تېلېكامېرانى بۇراپ، جاڭ يۈجېنغا ئۈچىسىدىكى ئاق كۆڭلەكنى، ھەمدە خوتۇنى ۋە نەۋرە قىزىنىڭ ئۈچىسىدىكى ئەتلەس كۆڭلەكلەرنى كۆرسەتتى. «تېرىغان كۆكتاتلىرىمىز بۇ يىل ياخشى باھادا سېتىلدى، ياڭاقلارمۇ ياخشى ئۆستى. ئوغلۇم بىلەن كېلىنىم يېقىن ئەتراپتىكى كارخانىدا ئىشلەۋاتىدۇ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئۈمىدكە تولدى! سىز كېلەر قېتىم كەلگەندە، ھەدىڭىز سىزگە ساغزا سېلىپ بەرسۇن!» دېدى مەتياسىن پەخىرلەنگەن ھالدا.

### بايراملىق ھال سوراش
### ھەقىقەتەن كۆڭۈللەرگە ياقتى

«روزىدەم، بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!» 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، قومۇل شەھىرى ئىۋىرغول رايونى شىمالىي شەھەر كوچا باشقارمىسى نۇرلۇق يولى مەھەللىسىدە، پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى شې لىشيا يان تېلېفوندا سىن ئارقىلىق روزىدەم راخمان ئائىلىسىدىكىلەردىن بايراملىق ھال سورىدى.

2013 ـ يىلى، روزىدەمنىڭ ئوغلى روزىدىلنىڭ بېشى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئېغىر كۆيۈپ يارىلانغان ھەم كېسەل ئاسارىتى قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى نۇرلۇق يولى مەھەللىسىدىكى خىزمەتچىلەر دائىم غېمىنى يەيدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى. يېقىنقى يىللاردا، روزىدىلنىڭ سالامەتلىكى خېلىلا ئەسلىگە كەلگەن بولۇپ، دائىم ئۆيىگە كېلىپ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، غەمخورلۇق قىلىپ تۇرىدىغان شې لىشيا بىلەن تېخىمۇ سىرداش بولۇپ كەتتى.

مەھەللە خىزمەتچىلىرى يەنە گۈرۈچ، ئۇن، ياغ ۋە ساغزا، قەنت ـ گېزەك قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئالدىن تەييارلاپ، روزىدەمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردى.

«بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! بۇ بىز خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ئازراق كۆڭلى!» 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىدىن كوناشەھەر ناھىيەسى توققۇزاق بازىرى ئىشلەمچى كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى جاڭ ۋېيىڭ ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ، كەنت ئاھالىسى مەمەتجان روزىنىڭ ئۆيىگە بالدۇرلا كەلگەنىدى.

قىيىنچىلىقى بار ئامىمىنىڭ بايرامنى خۇشال، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر گۆش، تۇخۇم، كۆكتات قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئون ئائىلىگە يەتكۈزۈپ بەردى.

مەمەتجان ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى بىزگە چەكسىز ئىللىقلىق ھېس قىلدۇردى، مەن چوقۇم ياخشى ئىشلەپ، تىرىشىپ بالدۇرراق ناماراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى قولغا كەلتۈرىمەن!»

**(مۇخبىر جاۋ چۇنخۇا، قاتناشقان مۇخبىرلار لى چۈنشيا، يۈ شى، جاۋ يۈ، خەن چىنيەن، پەرىزات ئابدۇل، رايىدە)**



**7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى خۇەنۋېي يولى كوچا باشقارمىسى جۇڭتەي مەھەللىسىنىڭ ئاھالىسى جاپپار لېتىپ (ئوتتۇرىدا) بىر ئائىلە كىشىلىرى مەززىلىك تائاملارغا ئېغىز تېگىپ، بايرامنى خۇشال ئۆتكۈزدى.** □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

# ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۇنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يېڭىدىن تارقالغاندىن كېيىن، يۇقۇم مەنبەسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل توسۇش، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن، مەھەللىلەردە يېپىق شەكىلدە باشقۇرۇش تەدبىرى قوللىنىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئاخبارات ئىشخانىسى ئاچقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شاڭ يۈلەن مۇنداق تونۇشتۇردى: ئۈرۈمچى شەھىرى ھەرقايسى تارماقلاردىكى كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، مەھەللە خىزمەتچىلىرى، پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى قاتارلىقلارنى پائال تەشكىللەپ، تۇرمۇش مۇلازىمەت كاپالىتىنى ياخشى ئىشلەپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

بۇ تۇرمۇش مۇلازىمەت كاپالىتى تەدبىرلىرى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئاھالىلەرنىڭ ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، ئولتۇراق رايون ياكى بىنالارنى بىرلىك قىلىپ ۋېيشىن تورى قۇرۇش، مەھەللىدىكى ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلار بىرىنچى ۋاقىتتا ئاھالىلەرنىڭ تەلىپىگە ئىنكاس قايتۇرۇش، ۋېيشىن تورىدىكى كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، گۈرۈچ، ئۇن، ياغ، گۆش، تۇخۇم، سۈت ھەمدە دورا، بوۋاقلار بۇيۇملىرى قاتارلىق ماددىي ئەشيا ئېھتىياجىنى ۋاقتىدا ئىستاتىستىكا قىلىش، پىدائىيلارنى بىرتۇتاش سېتىۋېلىش، تۈرگە ئايرىپ قاچىلاشقا ھەم ئۇچراشماسلىق شەكلى ئارقىلىق ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بىر ـ بىرلەپ يەتكۈزۈپ بېرىشكە تەشكىللەش؛ ئاھالىلەرنىڭ جىددىي ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ سۇ، توك، گاز كارتىلىرىغا قىممەت تولۇقلاش، ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا پائال ياردەم بېرىش؛ ئاھالىلەرنى پىسخىكا جەھەتتىن يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئولتۇراق رايون ۋېيشىن تورى، ئۆي ئىگىلىرى QQ توپى، تېلېفون قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئاھالىلەرگە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاقىدار سىياسەت ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىش، پىسخىكا جەھەتتىن ياردەم بېرىش، يېتەكلەش مۇلازىمىتىنى پائال قانات يايدۇرۇش، پىسخىكا ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئاھالىلەرنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەشكە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىشىغا ياردەم بېرىش.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش سالمىقىنى زورايتىپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەتلىك، تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەر، ھەمدە ئىگە ـ چاقىسىز ياشانغانلار قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار ئامىمىغا ۋاقتىدا مېھىر ـ شەپقەت كۆكتاتلىرى، ياغ، گۈرۈچ، ئۇن قاتارلىق تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى، ماسكا، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى قاتارلىق مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى؛ ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللار، بالىلار ھەم سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار، قان تازىلىتىشقا ئېھتىياجلىق كىشىلەر قاتارلىق داۋالىنىش ئېھتىياجى بار ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا قارىتا، پۈتۈن كۈنلۈك دورا ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، مەخسۇس كېسەل كۆرسىتىپ داۋالىنىشقا ئاپىرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

شاڭ يۈلەن مۇنداق تونۇشتۇردى: قۇربان ھېيت مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت ئوبيېكتلىرى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار بېقىلىدىغان كىشىلەر قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار ئامىمىنىڭ ھەربىرىگە 500 يۈەن ئۆلچەم بويىچە قوي گۆشى، توخۇ گۆشى، تۇخۇم قاتارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرىنى تارقىتىپ بەردى، بارلىق ھال سوراش بۇيۇملىرى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى تولۇق تارقىتىلىپ، 9223 ئائىلىدىكى 11 مىڭ 826 ئادەم نەپكە ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش شەرتىدە، مۇنتىزىم بېكىتىلگەن قۇشخانىلار بىر تۈركۈم قوينى بىرتۇتاش سويۇپ، توردا زاكاز قىلىش شەكلى ئارقىلىق ساتتى، ئالاقىدار تارماقلار ۋە ھەرقايسى رايون (ناھىيە)، مەھەللىلەر ئائىلىلەرگىچە تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بەردى.

# «ئاغرىقلارنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىشى ئەڭ ياخشى بايراملىق سوۋغات»

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن**

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قۇربان ھېيت، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدىكى دوختۇر ـ سېستىرالار يەنىلا ئالدىراش بولۇپ، ئاغرىقلارنى كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇپ ـ داۋالاپ، ھالىدىن ئەستايىدىل خەۋەر ئالدى. دوختۇرخانا كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن بايراملىق سالىمىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى.

بۇ ئىككى كۈندە، دوختۇرخانا پارتىيە كومىتېتى بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ئاغرىقلار رايونىغا، دوختۇر ـ سېستىرالار تۇرۇشلۇق ئورۇنغا بېرىپ، بىرىنچى سەپتە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان دوختۇر ـ سېستىرالارغا بايراملىق سالام يوللىدى ھەم بايراملىق ئۆزگىچە تائاملارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، كۆڭۈل قويۇپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ئىلھاملاندۇردى.

«گەرچە بۇ بايرام ئالاھىدە بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ ۋە دوختۇرخانىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، ئائىلىمىزدىكىلەرنىڭ قوللىشى بولغاچقا، بايرام ئوخشاشلا ياخشى ئۆتتى.» سائەت 15تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، دوختۇر گۈلباھار ئابلەخمەت ئاغرىقلار رايونىدىن چىقىپ، چۈشلۈك تاماق يېيىشكە تەييارلاندى. گۈلباھار 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىلا دوختۇرخانىغا كېلىپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىگە كىرىشكەن. ئۇ ئىشلەۋاتقان ئاغرىقلار رايونىدا 15 دوختۇر نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدۇ، ھەر كۈنى كېسەللىكنى تەكشۈرىدۇ، دىياگنوز قويىدۇ، تەتقىق قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ، دوختۇر كۆرسەتمىسى چۈشۈرىدۇ... خىزمىتى جىددىي ھەم تەرتىپلىك.

«بۈگۈن ئەتىگەندە كېسەلخانىغا كىرسەم، ئاغرىقلارنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. دوختۇرلار بىلەن ئاغرىقلار بىر ـ بىرىمىزنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلەشتۇق.» ئۇ ئىشلەۋاتقان ئاغرىقلار رايونىدا سەككىز ئادەم دوختۇرخانىدىن چىقتى، گۈلباھار مۇنداق دېدى: «ئاغرىقلارنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىشى ئەڭ ياخشى بايراملىق سوۋغات».

بۇ، ئاغرىقلار رايونىدىكى سېستىرا ئالتۇنخان ئۆمەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم «يۇقۇم»غا قارشى جەڭگە قاتنىشىشى ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىلا ئائىلىسىدىكىلەر ھەم دوستلىرىنىڭ تىلىكىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئالتۇنخان مۇنداق دېدى: بۇ قېتىم «بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن» دېگەن تىلەك سۆزىنىڭ كەينىگە «مۇداپىئەلىنىشكە دىققەت قىلىڭ» «سىزگە ئىشىنىمەن، چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايسىز» دېگەندەك جۈملىلەر قوشۇلۇپتۇ، كۆرۈپ ئىللىقلىق ھېس قىلدىم، گەرچە جاۋاب قايتۇرغۇدەك ۋاقتىم بولمىسىمۇ، «ئەمما مەن ھەرىكىتىم ئارقىلىق چوقۇم ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يېنىغا قايتىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلايمەن».

سائەت 18دە، دوختۇرخانا ئاشخانىسىدا ئاشپەز ئىسسىق گۆش، پىنتاڭنى تاماق قاچىلىرىغا ئۇسسۇۋاتاتتى. «بۇ ئاغرىقلارغا تەييارلانغان كەچلىك تاماق. بۈگۈن بايرام، گۆش، پىنتاڭ قاتارلىق خاس مەززىلىك تائاملارنى يېسە، ئاغرىقلار ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلىدۇ» دېدى دوختۇرخانا ئارقا سەپ كاپالىتى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى خۇ يەنمېڭ مېۋە ـ چېۋە ۋە قېتىقلارنى بۆلگەچ.

بىر ئاغرىق سىن ئارقىلىق مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: «دوختۇرلارنىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالىشى جايىدا بولدى، سېستىرالارنىڭ خەۋەر ئېلىشىمۇ ئەترAPلىق بولدى، مېنىڭ بالدۇرراق دوختۇرخانىدىن چىقىش ئىشەنچىم بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ».



**7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، قۇربان ھېيت، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىدا، گۈلباھار ئابلەخمەت (ئوڭدا) خىزمەتدىشى بىلەن ئارام ۋاقتىدا ساغزا يېمەكتە.**
□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شې لۇڭ فوتوسى**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)